

شىنجاڭ گېزىتى
2019 - يىل 9 - ئاي
14
شەنبە
维吾尔文 9月14日
新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24818 - سان بۈگۈن 4 بەت

شانلىق تارىخنى ياد ئېتىپ، گۈللىنىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورتاق يارىتايلى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئوبزورچىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەخسۇس جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭ شياڭشەن ئىنقىلابىي خاتىرە ئورنىغا بېرىپ، شۇاڭچىڭ داچىسى، لەيچىڭشۇەن قاتارلىق ئىنقىلابىي كونا جايلارغا ھۆرمەت بىلەن نەزەر سېلىپ، شياڭشەن ئىنقىلابىي خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلغانلىقىدىن ئىبارەت شانلىق تارىخنى ئەسلىدى، يولداش ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ياد ئەتتى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش» چاقىرىقنى چىقىرىپ، بىزنىڭ يېڭى جۇڭگونى داۋاملىق ياخشى مۇستەھكەملىشىمىز، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىلگىرلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ قوشتى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

پارتىيەۋىلىك جەھەتتە تاۋلىنىش روھىي جەھەتتە پاكلىنىش ئىستىل جەھەتتە چېنىقىش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىنى پۇختا، ياخشى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **جاك يۈنمىڭ** 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى ئاچقان. مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىدا، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ھاسىلات بولۇش، ئىدىيە - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىش - نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، خەلققە مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» تەلىپى بويىچە، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى كەسكىن قانات يايدۇرۇپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتقان.

«...كەسىپكە ئەھمىيەت بېرىلدى، لېكىن پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولمىدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنىڭ شەكلى بىرقەدەر ئاددىي بولۇپ قالدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسىپنىڭ يۇغۇرۇلۇش سالمىقىنى زورايتىش زۆرۈر».

«خىزمەتتە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشتىن قورقۇش مەسىلىسى مەۋجۇت، بەزىدە ۋەزىپە قوبۇل قىلغاندا قىيىنچىلىقنى تەكىتلەش كۆپرەك بولدى، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش يېتەرلىك بولمىدى».

...

مەخسۇس تېمىلىق تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنىدا، كەڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ ئىگىلەپ، دىققەتنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش جاسارىتى بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تېپىپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى كەسكىن، ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، كەمچىلىكنى ئېچىپ، ئەيىبنى ئاشكارىلاپ، يۈزىنى قىزارتىپ تەرلىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۈنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىنتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يەتتى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېتەكلىنىپ، قۇرۇلۇش ئەترىتى باشلامچى كارخانىغا ئايلاندى

ـــ شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى توغرىسىدا خاتىرە

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

□ مۇخبىرىمىز شى شىن، پىراكتىكانت جيا فاڭ

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، غەيرەت قىلىپ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش!

نۆۋەتتە، لىيەنيۈنگاڭ - قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى (G30) شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇنغىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈر قۇرۇلۇشى قاتناش باشلاشنىڭ «تەتۈر ساناق باسقۇچى»غا كىردى. شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان تۈرنىڭ 1 - بۆلىكىنىڭ ھەممىلا يېرىدە قىزغىن كەيپىياتتا قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان مەنزىرە نامايان بولۇپ تۇراتتى.

شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى ئەسلىدە ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ ئەسلىي قارمىقىدىكى 1 - دەرىجىلىك تاشيول باشقۇرۇش باشقارمىسى ماشىنىلاشقان قۇرۇلۇش چوڭ ئەترىتىنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغان شىمالىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى ئىدى. 20 يىلدىن بۇيان، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن تەدرىجىي شىنجاڭنىڭ قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى باشلامچى كارخانىغا ئايلىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 نەچچە تۈرلۈك تېخنىكا پاتېنتىغا، توققۇز تۈرلۈك دۆلەت ۋە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئون نەچچە تۈرلۈك ساھە ئۆلچىمى ۋە يەرلىك ئۆلچەمنى، 30 نەچچە تۈرلۈك دۆلەت ۋە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ئۇسۇلىنى تۈزۈشكە قاتناشتى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى!

ئاتقا مىنىپ مەكتەپكە بېرىشتىن شەھەرگە كىرىپ ئوقۇشقىچە

ـــ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە كىردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ئاينۇر، شى چاۋ

بەش يىل ئىلگىرى، يەتتە ياشلىق گۈلئاشار جۇمە دادىسى بىلەن تاغ يولىدا ئون نەچچە سائەت مېڭىپ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا بارغاندا، ناھىيە بازىرىدىكى دەرەخلەر ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى: «بۇ نېمە؟» «بۇ دەرەخ». بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم تاغ ئىچىدىن چىقىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يۇرتىدىكى «ئات ئۈستىدىكى مەكتەپ» بىلەن خوشلىشىپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشنى باشلىدى.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ناھىيەسى بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان. قىرغىز مىللىتى يەرلىكتىكى بۇلۇڭكۆل يېزىسى، مۇجى يېزىسى، چارلۇڭ يېزىسى قاتارلىق تۆت تاغلىق رايون يېزا - بازىرىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز، تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان، قاتناش ئەسلىھەلىرى بىرقەدەر قالاق بولغاچقا، نامراتلارنى يۆلەشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيەسى ۋە ئوقۇتۇش شارائىتى ئەڭ ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى.

گۈلئاشارنىڭ ئۆيى مۇجى يېزىسىنىڭ بۇلاق كەنتىدە، ئۇ تۇرۇشلۇق كەنت پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمىي ئېگىز ۋە تىك جوققا ئارىسىغا جايلاشقان، دەرەخلەر ناھايىتى تەستە ئەي بولىدۇ، يەرلىكتىكى چارۋىچىلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە كۆچۈپ يۈرۈپ مال باقىدۇ. ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، نامراتلىق ۋە مائارىپتىكى ئارقىدا قېلىش پامىر ئېگىزلىكىنىڭ تاغ ئىچكىرىسىدىكى بالىلارنى مۇكەممەل بولغان مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرغان.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ـــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى بەش يىلدا توشۇغان يولۇچى 8 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئەمدىلا ئاخىرلاشقان 2019 - يىللىق يازلىق يولۇچى توشۇشتا، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى توشۇغان يولۇچى 460 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ھالقىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.32% ئېشىپ، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ يولۇچىلار بىلەن تولۇش نىسبىتى 92%كە يەتتى. ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى قۇرۇلغان بەش يىلدىن بۇيان، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا پائال سىڭىشىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى، يولۇچى توشۇش مىقدارى 8 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

2014 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسىنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئۇچقان بوئېڭ 800 - 737 تىپلىق بىر يولۇچىلار ئايروپىلانىنىڭ غۇلجا ئايرودرومىغا سىلىق قونۇشى بىلەن، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى رەسمىي تىجارەت باشلىدى. ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، رايون ئورنى ئەۋزەللىكىگە تولۇق تايىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئۈرۈمچى - قەشقەر، ئۈرۈمچى - خوتەن، ئۈرۈمچى - قاناس قاتارلىق شىنجاڭ ئىچى ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئېچىپ، شىنجاڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى رايونلار ئارىسىدا كىشىلەرنىڭ بېرىش - كېلىشى، سودا ئالاقىسى، ساياھەت - ئارام ئېلىشىنى قولاي شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى ئۈرۈمچىدىن چېڭدۇ، خاڭجوۋ، چىڭداۋ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ - كېلىدىغان سودا ئىشلىرى، ساياھەت يولۇچى مەنبەسى زىچ توپلانغان ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى پائال ئېچىپ، قولايلىق، تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىدىغان ھاۋا يولىنى بەرپا قىلدى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى

يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى سانجى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى»نى يولغا قويۇشنى چۆرىدەپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ تەجرىبە ئۇسۇللىرىنى ئالماشتۇرۇپ، خىزمەت نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشكە قارىتا قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، قايتا سەپەرۋەرلىك قىلىپ، ئۈچ يىللىق ھەرىكەت ۋەزىپىسىنىڭ قەرەلىدە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

بىزنىڭ بايرىمىمىز . جۇڭچيۇ

جۇڭچيۇغا مۇھەببەت جەم بولۇشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش

ـــ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بايرامنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدى

بىپايان دېڭىزدا تولۇن ئاي كۆتۈرۈلدى، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكىلەرمۇ بۇ ۋاقىتنى بىللە ئۆتكۈزدى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇڭچيۇ بايرىمى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار، قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان كادىرلار ھەمدە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى بىرلىكتە جەم بولۇشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇپ، بايرامنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى.

■ كۆڭۈللەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش

«ئائىلىمىز 14 مو ياڭاقلىق ۋە سەككىز مو شاللىقتىن مول ھوسۇل ئالدى، بۇنىڭغا باققان كالا ۋە قويلارنى قوشساق، بۇ يىل ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز!» دېدى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ توخۇلا يېزىسى خېيەن كەنتىدىكى 70 ياشلىق كەنت ئاھالىسى مونىياز توختى تۇغقىنى سۇ شىنغا.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، كەنت ئاھالىسى مەمەتجان ئەركىن (ئوڭدىن 3 - كىشى) بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلسۇ يېزىسى يانئېرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە قوشماقلاشقان تۇغقىنىنى ئۆيىگە كېلىپ جۇڭچيۇ بايرىمىنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. □مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

جۇڭچيۇ بايرىمى كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ كادىرلىرى قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن بىللە جۇڭچيۇ بايرىمى ئۆتكۈزۈشنى تاللىدى، ئۇلار يۆبلىك قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، خېيەن كەنتىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، تۇغقانلىرىغا جۇڭچيۇ بايرىمىنىڭ مەدەنىيەت ئۆرپ - ئادەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى، بۇ يىللىق ھوسۇل توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

(ئاخىرى 4- بەتتە)